# ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچىلارغا ماددىي ياردەم بېرىش مەركىزى جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ ماددىي ياردەم بېرىش قىزىق لىنىيەسى ئاچتى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ شيا** خەۋەر قىلىدۇ: ئوقۇغۇچىلارنىڭ، بولۇپمۇ ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە ئوقۇشلۇق كىرىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچىلارغا ماددىي ياردەم بېرىش مەركىزى جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ ئوقۇغۇچىلارغا ماددىي ياردەم بېرىش قىزىق لىنىيە تېلېفونىنى ئاچتى، بۈگۈندىن باشلاپ 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە (خىزمەت كۈنلىرى سائەت 10دىن 19غىچە)، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاتا - ئانىلارنىڭ ئەگەر ماددىي ياردەم بېرىش جەھەتتە سورايدىغان مەسىلىلىرى بولسا، 7606276 - 0991گە تېلېفون قىلىپ مەسلىھەت سورىسا بولىدۇ.

ئىگىلىنىشچە، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئاپتونوم رايونىمىز قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون نامرات ناھىيەنى مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتىكى «ئاساسىي جەڭ مەيدانى» قىلىپ، ۋۇشۇسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ ۋە ھۆددىگە ئېلىپ ئالاقىلىشىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان ماددىي ياردەم بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتقان. ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچىلارغا ماددىي ياردەم بېرىش مەركىزى مەبلەغنى ئالدىن ئاجرىتىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، جەمئىي 6 مىليارد 510 مىليون يۈەن ئوقۇغۇچىلارغا ماددىي ياردەم بېرىش مەبلىغى ئاجرىتىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارغا 5 مىليون 559 مىڭ ئادەم قېتىم نەپ يەتكۈزگەن.

مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، بۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئاپتونوم رايونىمىز داۋاملىق ھالدا ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن ئائىلىلەردىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ماددىي ياردەم بېرىش بىلەن تولۇق قاپلاشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ ماددىي ياردەم بېرىش سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەت، جەمئىيەت، مەكتەپ قاتارلىقلارنىڭ تۈرلۈك ماددىي ياردەم بېرىش تۈرلىرى ۋە مەبلىغىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ياردەم بېرىشكە تېگىشلىكلىرىگە تولۇق ياردەم بېرىش»كە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، بىرمۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇشسىز قېلىشىغا يول قويمايدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچىلارغا ماددىي ياردەم بېرىش مەركىزىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاتا - ئانىلارغا ئالاھىدە مۇنداق ئەسكەرتتى: ئوقۇش باشلاشنىڭ ئالدى - كەينى ئالدامچىلىق كۆپ يۈز بېرىدىغان مەزگىل، چوقۇم كۆزنى يوغان ئېچىپ، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، ئېزىقتۇرۇشقا تاقابىل تۇرۇپ، ئالدىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئوقۇغۇچىلار ھەم ئاتا - ئانىلار يەنە «شىنجاڭ مائارىپ نازارىتى» ۋېيشىن ئاممىۋى نومۇرى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ھەم ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ماددىي ياردەم بېرىش قىزىق لىنىيەسىنى سۈرۈشتۈرۈپ مەسلىھەت سورىسا بولىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

نۆۋەتتە، بۇ گۇرۇھنىڭ گۈرۈچ، ئۇن، ياغ قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى زاپىسى كۆلىمى ئۈچ ئايلىق بازار تەمىناتىنى قاندۇرالايدۇ. دوستلۇق گۇرۇھى يەنە توردا مال سېتىش، تېلېفوندا زاكاز قوبۇل قىلىشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ماللارنى تور سىرتىدا ئائىلىلەرگىچە بىرتۇتاش تەقسىملەپ يەتكۈزۈپ بېرىش شەكلى ئارقىلىق شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇردى. «بىز دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، تۈرلۈك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ مال كىرگۈزۈش يوللىرى ۋە سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ۋە باھانى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن شەھەر ئاھالىلىرىنى ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيمىز» دېدى شىنجاڭ دوستلۇق (گۇرۇھ) پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن لىدىرى، قوشۇمچە تاللا بازار شۆبە شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى جاۋ چېڭمىي.

شىنجاڭ جيۇدىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش سودا بازىرى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى، بولۇپمۇ كۆكتات مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئاساسلىق يىغىلىش - تارقىلىش ئورنى ۋە بۆلۈپ سېتىش ئورنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇش ماددىي ئەشيا ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى. 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سائەت 12دىكى سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، جيۇدىڭ بازىرىدا سودا قىلىنغان كۆكتات مىقدارى 3000 توننا ئەتراپىغا يەتكەن، شەھەر ئاھالىلىرى ئېھتىياجلىق بولغان 30 خىل ئادەتتىكى كۆكتات ۋە 20 نەچچە خىل مەخسۇس تەمىنلىنىدىغان كۆكتاتنىڭ مال مىقدارى تولۇق، باھاسى تەكشى، مۇقىم بولغان. ئىگىلىنىشچە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كۈندىلىك كۆكتات ئىستېمال ئېھتىياجى تەخمىنەن 1500 توننا ئىكەن.

«بىز سودا ئەھۋالىنى ئەمەلىي ۋاقىتتا ھەرىكەت ھالىتىدە كۆزىتىپ، ھەر كۈنى ئاساسلىق مېۋە - كۆكتات مەھسۇلاتلىرى سودا ئۇچۇرلىرىنى ئىستاتىستىكا قىلىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئالاقىدار تارماقلارغا ۋاقتىدا مەلۇم قىلىمىز ھەم بازارنىڭ ئالدىنقى ھەرىكەت ھالىتى ۋە مۇۋاپىق تەھلىل تەكلىپى بىلەن تەمىنلەپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ تەمىناتقا كاپالەتلىك قىلىشى، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇشىنى مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىنلەيمىز.» شىنجاڭ جيۇدىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تىجارىتىنى باشقۇرۇش چەكلىك شىركىتى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر چىن جۈڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: «ئىشچى - خىزمەتچىلەر، تىجارەتچىلەر، شىنجاڭ سىرتىدىن كەلگەن يۈك ئاپتوموبىلى شوپۇرلىرى ۋە بىللە كەلگەنلەرنى دائىرىلەشتۈرۈپ رايونغا ئايرىپ باشقۇرغاندىن باشقا، يەنە شىنجاڭ سىرتىدىن كەلگەن يۈك ئاپتوموبىلى شوپۇرلىرى ۋە بىللە كەلگەنلەرنى بازارغا كىرىشنى تىزىملاش، ۋاكالىتەن ھەيدەپ توشۇشتىن تارتىپ ياتاق، تاماق ئورۇنلاشتۇرۇش، ئادەم ۋە ئاپتوموبىللارنىڭ بازاردىن ئايرىلىشىغىچە بولغان پۈتۈن جەرياندا قاتتىق باشقۇرۇپ كونترول قىلىمىز».

بېيۈەنچۈن بازىرىدىكى سودىگەرلەر مال مەنبەسىنى پائال تەشكىللەپ، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش يوللىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، ياخشى تەمىنلەش تەرتىپىنى ساقلىدى. 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سەھەردىن باشلاپ، بېيۈەنچۈن بازىرىدىكى 270تىن ئارتۇق تىجارەتچى كېچىلەپ كۆكتات توشۇپ، كۆكتات زاپاس مىقدارىنى 200 تونناغا يەتكۈزدى. «يېشىل يوپۇرماقلىق كۆكتاتلارنى ساقلاش تەس بولغاچقا، تىجارەتچىلەر ئاساسەن شۇ كۈنى توشۇپ كېلىپ، شۇ كۈنى ساتىدۇ. بىز بارلىق تىجارەتچىلەردىن باھانى ئېنىق يېزىشنى، كۆكتات مەيدانىغا كىرگەندە چوقۇم ئىشلەپچىقىرىلغان جاي ئىسپاتى ياكى مال كىرگۈزۈش تالونى بولۇشنى تەلەپ قىلىمىز» دېدى ئۈرۈمچى بېيۈەنچۈن (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بېيۈەنچۈن بازار ئۇچۇرى مەركىزىنىڭ دىرېكتورى لى شۆشەن.

ئىگىلىنىشچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 532 مەھەللە كۆكتات، قوشۇمچە يېمەكلىك بىۋاسىتە سېتىش نۇقتىسى (مەھەللە قوي - كالا گۆشى بىۋاسىتە سېتىش نۇقتىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نورمال تىجارەت قىلىۋاتقان بولۇپ، شەھەر ئاھالىلىرىنى كۆكتات، قوي - كالا گۆشى بىلەن تەمىنلەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شەھەر دەرىجىلىك جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەمىناتقا كاپالەتلىك قىلىش كارخانىلىرى بازار ھەرىكەت ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ، زاپاس تاۋارلارنى سېتىۋېلىش - باشقۇرۇش، تەڭشەپ ئاجرىتىش - توشۇش ۋە بازارنى تەمىنلەشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى ئىشلەيدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، مەركىزىي شەھەردىكى بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تارماقلىرىمۇ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تاۋارلارنى بېسىپ قويۇپ ھايانكەشلىك قىلىش، مال باھاسىنى ئۆستۈرۈۋېلىش، ساختا تاۋار ياساش - سېتىش قاتارلىق قانۇنسىز قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىدىكەن.

---

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# شىي چياۋ: قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ئۈچۈن توسۇلما كۆلدىن ئۈزۈپ ئۆتتى، قۇربان بولغاندا ئاران 24 ياشتا ئىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى كۇنمىڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر ۋاڭ يەن)** 6.5 بال قاتتىق يەر تەۋرىگەندىن كېيىن، خەتەرگە ئۇچرىغان ئاممىنى قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلتىماس قىلىپ توسۇلما كۆلدىن ئۈزۈپ ئۆتمەكچى بولدى، لېكىن قايتىپ كېلەلمىدى — يۈننەن ئۆلكىلىك سابىق جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى دوختۇرخانىسىنىڭ سانىتارى شىي چياۋ قۇربان بولغاندا ئاران 24 ياشتا ئىدى.



بۇ شىي چياۋنىڭ ھايات ۋاقتىدا قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش سەپىرىدىكى سۈرىتى، ئۇنىڭ كەينىدىكىسى ئۇ سەكرەپ چۈشكەن توسۇلما كۆل (2014 - يىلى 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تارتىلغان). □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

1990 - يىلى تۇغۇلغان شىي چياۋ فۇجيەن نىڭدېدىن، 2008 - يىلى 12 - ئايدا ھەربىي سەپكە قاتناشقاندىن كېيىن، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن شارائىتى ئەڭ جاپالىق بولغان نۇجياڭ تارماق ئەترىتىگە بېرىپ چېنىقىشنى تەلەپ قىلغان. لۇمادىڭ چېگرا مۇداپىئە خىزمەت پونكىتىدا، ئۇ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ، تېزلا ھەربىي ئىشلار ۋە كەسپىي جەھەتتە ئۆلگىلىك ئەسكەرگە ئايلانغان. 2010 - يىلى، ئۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئە قىسمىنىڭ كۇنمىڭ شىگۇەنلەر مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن، مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزگەندىن كېيىن يۈننەن ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى دوختۇرخانىسىغا تەقسىم قىلىنىپ، سانىتار بولغان.

2014 - يىلى 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، يۈننەن ئۆلكىسى جاۋتۇڭ شەھىرى لۇدىيەن ناھىيەسىدە 6.5 بال يەر تەۋرىگەن. يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، يۈننەن ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى تېزدىن 180 كىشىلىك قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ئەترىتى تەشكىللەپ ئاپەت رايونىغا ئەۋەتكەن، شىي چياۋ قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشكە قاتنىشىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلتىماس قىلغان. 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ئەترىتى ئاپەت رايونىنىڭ ئەتراپىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، يول توسۇلۇپ قالغاچقا ئېغىر ئاپەت رايونىدىكى لۇڭتۇشەن بازىرىغا قاراپ پىيادە ماڭغان. يول ئۈستىدە، شىي چياۋ سەپداشلىرى بىلەن تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈش خەۋپى بار يول بۆلىكىدە 40 نەچچە قېتىم بېرىپ - كېلىپ، تالاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىدىن تۆت كىشىنى يۆتكەشكە ياردەم بەرگەن، يول بويى قاپسىلىپ قالغان ئاممىدىن 30دىن ئارتۇق كىشىنى تارقاقلاشتۇرغان، قۇتقۇزۇپ ياردەم بەرگەن.

سائەت 13 ئەتراپىدا، شىي چياۋ ئاممىنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دالىن كەنتىدە يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن تاغ جىسمى سىيرىلىپ، 60 نەچچە ئادەمنىڭ ئىز - دېرىكى بولمىغانلىقى توغرىسىدىكى ياردەم سوراش خەۋىرىنى تاپشۇرۇۋالغان. شىي چياۋ دەرھال يۇقىرىغا دوكلات قىلغان، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر دەرھال نەق مەيدانغا ئاتلانغان. يامغۇردا قالدۇق يەر تەۋرەش ۋە تاش دومىلاپ چۈشۈش خەۋپىگە قارىماي، بىر سائەتتىن ئارتۇق جىددىي ھەربىي يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن بىر توسۇلما كۆل ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ قويغان. شىي چياۋ يەنە بىر قېتىم تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلتىماس قىلىپ: «مەن ياش، سالامەتلىكىم ياخشى، سۇ ئۈزۈشنى بىلىمەن، مەن باراي!» دېگەن. ئۇ كەسكىنلىك بىلەن چاپىنىنى سېلىۋېتىپ سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ قارشى قىرغاققا قاراپ ئۈزگەن، يېقىنلاشقان، تېخىمۇ يېقىنلاشقان، قارشى قىرغاققا بارايلا دەپ قالغاندا، بىر مەيدان قالدۇق يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن تاغدىكى لاي - لاتقىلارغا قوشۇلۇپ تاش پارچىلىرى دومىلاپ چۈشكەن، بىر پارچە تاش تۇيۇقسىز شىي چياۋنىڭ بېشىغا تەگكەن، ئۇ ئىككى بىلىكىنى سۇ ئۈستىگە چىقىرىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن تىركەشكەن بولسىمۇ، ئاخىر يەنىلا سۇغا چۆكۈپ كەتكەن.

24 ياشلىق شىي چياۋنىڭ ياش ھاياتى مەڭگۈ مۇشۇ دەقىقىدە توختاپ قالغان. سەپداشلىرى ۋە يېتىپ كەلگەن ئامما توسۇلما كۆل بويىدا كېچە - كۈندۈز ئىزدىگەن، 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، شىي چياۋنىڭ جەسىتى ئاخىر بايقالغان ھەم سۈزۈپ قىرغاققا ئېلىپ چىقىلغان.

ئاق كۆڭۈل، ئەستايىدىل، كەم سۆز، بۇ ئۇنىڭ سەپداشلىرىدا قالدۇرغان تەسىرى. دوختۇرخانىغا يېڭىلا كەلگەندە، ئەزەلدىن ئۇچرىشىپ باقمىغان ھەر خىل، ھەر ياڭزا دورا ماتېرىياللىرى ئالدىدا، بۇ كېلىشكەن يىگىت ھەمىشە كەمتەرلىك بىلەن سوراپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئۆگىنىپ، ناھايىتى تېزلا «كەسىپ ئەھلى»گە ئايلانغان ھەم كۆپ قېتىم دوختۇرخانا تەشكىللىگەن كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىلىرىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن. خىزمەتتە، ئۆزىگە ئەزەلدىن ناھايىتى يۇقىرى تەلەپ قويىدىغان ئۇ قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، «ئورۇننى پەرقلەندۈرۈپ دورا ئېلىش ئۇسۇلى» «ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۇسۇملۇكلەرنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتىنى تېز ئەستە ساقلاش ئۇسۇلى» «دورا ئېلىشتىكى 180 سېكۇنتلۇق ئۆلچەم» قاتارلىق تەجرىبە - ئۇسۇللارنى يىغىنچاقلاپ، ئاغرىقلارغا 16 مىڭ بولاقتىن ئارتۇق دورا تەييارلاپ بەرگەن، شۇنداقلا خاتالىق چىقارماسلىق، ئەرز قىلغانلار بولماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرغان.

2014 - يىلى 8 - ئايدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى سىياسىي بۆلۈمى شىي چياۋنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى ھەم دۆلەت مۇداپىئەسىگە ئۆزىنى بېغىشلاش ئالتۇن خاتىرە ئىزنىكى بەردى، جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى چېگرا مۇداپىئە قىسمى سىياسىي بۆلۈمى ئومۇمىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، شىي چياۋنى 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ تولۇقلاپ ئەنگە ئالدى؛ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى ئۇنىڭغا «جۇڭگو ياشلار 4 - ماي مېدالى»نى تولۇقلاپ بەردى.

شىي چياۋنىڭ ئىسمى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يۈننەن چېگرادىن كىرىش - چىقىش چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش باش پونكىتىدىكى ھەربىر كىشىنىڭ قەلبىگە «ئورناپ كەتتى». ئۇنىڭ قۇربان بېرىشتىن قورقمايدىغان، ھەققانىي، مەردانە روھى كۆپچىلىكنىڭ قەتئىي ئىرادىسىنى ئۇرغۇتتى، ئۇلار ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن جاراڭلىق قەسىمىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتمەكتە. بۇ يىلنىڭ ئۆزىدىلا، يۈننەن چېگرادىن كىرىش - چىقىش چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش باش پونكىتى زەھەر دېلوسىدىن جەمئىي 537نى تەكشۈرۈپ پاش قىلىپ، جىنايەت گۇماندارىدىن 395 كىشىنى تۇتتى، 3177.2 كىلوگرام زەھەرنى قولغا چۈشۈردى؛ زەھەر بۇيۇملىرى ياساش دېلوسىدىن 16نى تەكشۈرۈپ پاش قىلىپ، 230.5 توننا زەھەر ياساش بۇيۇمىنى قولغا چۈشۈردى.

---

# لو چۈنۋېي: شىددەتلىك ئوتنى ئۆچۈرۈشكە پىداكارلىق بىلەن ئاتلاندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى نەننىڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر لىن فەنشى)** قويۇق ئىس - تۈتەك ئالدىدا، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن دېڭىزغا سەكرەپ چۈشۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئوت يالقۇنى پەلەككە يەتكەن بېلىقچىلىق كېمىسىگە قاراپ ئۈزدى. ئۇ دەل لو چۈنۋېي بولۇپ، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتى بەدىلىگە خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قوغداپ قالدى.



لو چۈنۋېينىڭ ھايات ۋاقتىدا يېزىغا چۈشۈپ زىيارەت قىلغاندىكى سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

لو چۈنۋېي، خەنزۇ، 1979 - يىلى 8 - ئايدا گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ بېيخەي شەھىرىدە تۇغۇلغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى. ھايات ۋاقتىدا گۇاڭشى جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى بېيخەي شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتى دىيەنجيەن چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىنىڭ ساقچىخانا باشلىقى بولغان.

«لو ساقچىخانا باشلىقى ھەر قېتىم ئەترەت باشلاپ چارلاشقا چىققاندا، ھەمىشە سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭاتتى» دېدى لو چۈنۋېينىڭ بۇرۇنقى خىزمەتدىشى، دىيەنجيەن چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى جوۋ گاڭلىڭ. ساقچى بولغان 19 يىلدا، لو چۈنۋېي جەڭچى، ئىش بېجىرگۈچىدىن مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى، جاۋداۋيۈەن، ساقچىخانا باشلىقى بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەن، مەيلى قايسى ئىش ئورنىدا بولسۇن، ئۇ يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە كەسىپچانلىقنى باشتىن - ئاخىر ساقلاپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ قارىمىقىدىكى رايوننىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقىنى قوغدىغان.

قەھرىمان تۇغما بولمايدۇ، قەھرىمانلارنىڭ باتۇرانە ھەرىكىتىمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس.

2010 - يىلى 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، 11 - نومۇرلۇق تەيفېڭ بورىنى «فەنيابى» بېيخەي ۋەندىكى دېڭىز يۈزىگە تەسىر كۆرسەتكەن. شۇ كۈنى سائەت 10 ئەتراپىدا، بېيخەي شەھىرى ۋېيجوۋ ئارىلى نەنۋەن كوچىسىدىكى پىرىستانغا يېقىن جايدا توختىتىپ قويۇلغان بىر كېمە تەيفېڭ بورىنى سەۋەبىدىن ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ سىستېمىسى زەخمىگە ئۇچراپ ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان، كېمىدە يەنە بېلىقچىلار بار ئىدى. خەتەرلىك، جىددىي پەيتتە، لو چۈنۋېي كېيىمىنى سېلىپلا دېڭىزغا سەكرەپ چۈشۈپ، ئارقان بىلەن كېمىنى ياخشى مۇقىملاشتۇرغان. ئۇ قىرغاققا ئۈزۈپ چىققاندا، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەچكە، توختىماي قۇسقان.

2014 - يىلى 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ۋېيجوۋ ئارىلى پورتىدا بىر دوملىتىپ قاچىلاش پاراخوتى ئۆرۈلۈپ كېتىپ، 28 ئادەم سۇغا چۈشۈپ كەتكەن، لو چۈنۋېي دېڭىزدىن بەش ئادەمنى قۇتقۇزۇپ چىققان.

2015 - يىلى 6 - ئايدا، لو چۈنۋېي قارىمىقىدىكى رايوننىڭ ئامانلىق ئەھۋالى تېخىمۇ مۇرەككەپ، كەسپىي ۋەزىپىسى تېخىمۇ مۇشكۈل، ئېغىر بولغان دىيەنجيەن چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىغا يۆتكىلىپ ساقچىخانا باشلىقى بولغان. دېڭىز ئۈستى ئامانلىقىنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەش قىيىن بولۇش، قانۇنغا خىلاپ جىنايەتلەرگە زەربە بېرىش قىيىن بولۇش، ئاخبارات يىپ ئۇچى تېپىلىش قىيىن بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، لو چۈنۋېي «ئون كېمە بىرلىشىپ مۇداپىئەلىنىش» «بىر كۈندە بىر قېتىم چارلاپ تەكشۈرۈش» قاتارلىق خىزمەت ئەندىزىلىرىنى بەرپا قىلىپ، دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسىنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرگەن.

2016 - يىلى 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، بېيخەيدىكى بىر بېلىقچىلىق پورتىدا توختىتىپ قويۇلغان ئۈچ بېلىقچىلىق پاراخوتىغا ئوت كەتكەن. لو چۈنۋېي خىزمەتداشلىرىنى باشلاپ بېرىپ خەتەرنى تۈگىتىپ، پورتتىكى 1000دىن ئارتۇق بېلىقچىلىق كېمىسىنى تۇتاش ئوت كېتىش ئاپىتىدىن ساقلاپ قالغان.

2016 - يىلى 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى سائەت 11 ئەتراپىدا، بېيخەي شەھىرى چياۋگاڭ بازىرى چېگرا سودا پىرىستانىدا 11 توننا دىزېل قاچىلانغان بىر بېلىقچىلىق كېمىسىدە ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەن. دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، لو چۈنۋېي خەلق ساقچىلىرىنى باشلاپ تېز سۈرئەتتە قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشكە ئاتلانغان. ئەينى چاغدا، ئوت كەتكەن بېلىقچىلىق كېمىسى كونتروللۇقنى يوقىتىپ، پورتتىكى تۇتاش توختىتىپ قويۇلغان بېلىقچىلىق كېمىلىرىگە قاراپ كەلگەن. بۇ كېمىلەرگە زور مىقداردىكى دىزېل ۋە سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز قاچىلانغان بولۇپ، ئەگەر ئوت كەتكەن بېلىقچىلىق كېمىسىدىن ئوت تۇتىشىپ كەتسە، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ئوتنىڭ يامراپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، جەزمەن ئوت كەتكەن بېلىقچىلىق كېمىسىنى قىرغاققا سۆرەپ كېلىش كېرەك ئىدى.

خەتەرلىك، جىددىي پەيتتە، لو چۈنۋېي دەرھال كىيىمى ۋە ئايىغىنى سېلىۋېتىپ، دېڭىزغا سەكرىمەكچى بولغان. «لو ساقچىخانا باشلىقى، خەتەرلىك!» جوۋ گاڭلىڭ لو چۈنۋېينى تۇتۇۋېلىپ ئۇنى توسۇماقچى بولغان. «مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن!» لو چۈنۋېي جوۋ گاڭلىڭنى ئىتتىرىۋېتىپ دېڭىزغا سەكرەپ چۈشۈپ، ئارقاننى چىشلەپ ئالدىغا قاراپ ئۈزگەن.

لو چۈنۋېينىڭ تۈرتكىسىدە، نەق مەيداندىكى نۇرغۇن ئادەم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دېڭىزغا سەكرەپ چۈشۈپ، بىرلىكتە كۈچەپ ئوت كەتكەن بېلىقچىلىق كېمىسىنى قىرغاققا سۆرەپ كېلىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كۈچلۈك ئوتنى ئۆچۈرۈۋالغان. بەختكە قارشى، لو چۈنۋېي قىرغاققا ئۈزۈپ قايتىپ كېلەلمىگەن. ئوت ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شۇ كۈنى سائەت 15تىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە، لو چۈنۋېينىڭ جەسىتى دېڭىز ئاستىدىن تېپىلغان. لو چۈنۋېي ئالەمدىن ئۆتتى، شۇ يىلى ئەمدىلا 37 ياشتا ئىدى.

لو چۈنۋېي قۇربان بولغاندىن كېيىن، شۇ جايدىكى ئاممىلار بەس - بەستە ئۆزلۈكىدىن پىرىستانغا بېرىپ تەزىيە بىلدۈردى، پىرىستاندا توختىتىپ قويۇلغان نۇرغۇن بېلىقچىلىق كېمىلىرى گۈدۈك چېلىپ ئۇنى ئۈزىتىپ قويدى... شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى لو چۈنۋېينى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى ھەم دۆلەت مۇداپىئەسىگە ئۆزىنى بېغىشلاش ئالتۇن خاتىرە ئىزنىكى بەردى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)